# 3475 - ئىمامنىڭ نامىزى بۇزۇلغاندا قانداق قىلىشى كېرەك؟

## سوئال

ئىمامغا تۇيۇقسىز بىر ئىش بولسا، ناماز ئادا قىلىۋاتقان جامائەتتىن بىرى ئىمامنىڭ ئورنىدا كىشلەرگە ئىمام بولسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ناماز ئارىسىدا ئىمامغا بىر ئىش بولۇپ نامازدىن بۇزۇلۇپ چىقىپ ناماز ئادا قىلىۋاتقانلارنىڭ بەزىسىگە: ئەي پالانى! ئالدىغا ئۆتۈپ جامائەتكە نامازنى تامام قىلىپ بېرىڭ دېيىشى كېرەك، ئەگەر ئىمام ئۇنداق قىلمىسا، ناماز ئادا قىلىۋاتقانلاردىن بىرى ئالدىغا ئۆتۈپ نامازنى تاماملاش كېرەك ياكى جامائەتنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا يالغۇز نامازنى تاماملاش كېرەك.